# 21290 ـ ھىجرىيە يېڭى يىلىنىڭ باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

ھىجرىيە يېڭى يىلى باشلانغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن "يىل بويى ياخشىلىقتا بولۇڭلار" دەپ، ياكى بەرىكەت تىلەپ، ئەۋەتىلگۈچىگە يېڭى يىلدا ياخشىلىق ۋە بەرىكەت تىلەپ خەت ئەۋەتىپ تەبرىكلەشنىڭ ھۆكمى نېمە؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن ھىجرىيە يىلىنى تەبرىكلەشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ تەبرىكلىگۈچىگە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىلىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "بىر كىشى سىزنى تەبرىكلىسە ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرۇڭ، لېكىن سىز دەسلەپتە تەبرىكلىمەڭ، بۇ مەسىلىدە توغرىسى مۇشۇ. مەسىلەن: بىر كىشى سىزنى: "يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن" دەپ تەبرىكلىسە، سىز ئۇنىڭغا: ئاللاھ سىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، بۇ يىلىڭىزنى ياخشىلىق ۋە بەرىكەتلىك قىلسۇن دەڭ! لېكىن سىز كىشىلەرنى دەسلەپتە تەبرىكلىمەڭ! چۈنكى مەن ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ يېڭى يىلنى تەبرىكلىگەنلىكى توغرىسىدا كەلگەن بىرەر ئەسەرنى بىلمەيمەن، بىلىشىڭلار كېرەككى، ئىلگىرىكى ئالىملار مۇھەررەم ئېيىنى پەقەت ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە يىل بېشى قىلغان. [مەنبە: شەيخنىڭ ئايلىق ئۇچرىشىش تويلاملىرى: 835–نومۇرلۇق سۇئالنىڭ جاۋابى، ئۇنەيزە شەھىرىدىكى دەۋەت ـ كۆرسەتمە مەركىزى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ئايلىق ئۇچرىشىش پىروگراممىسى بىرىنچى نەشرى].

شەيخ ئابدۇلكەرىم خۇزەير ھىجرىيە يىلى كىرگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئۈچۈن ھېيت ـ بايراملىغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلەردە تېكىستى بىلەن بىرەر شەخس ئىبادەت قىلمايدىغان مۇتلەق دۇئا بىلەن دۇئا قىلسا، بولۇپمۇ بۇ تەبرىكلەشتىكى مەقسىدى دوس بولۇش، خۇشاللىقنى ئىزھار قىلىش ۋە مۇسۇلمانىنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق پەيدا قىلىش بولسا، بۇنىڭ ھېچ زىيىنى يوق. ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: "مەن باشتا تەبرىكلىمەيمەن، ئەمما بىرسى مېنى تەبرىكلىسە، مەن ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرىمەن، چۈنكى سالامغا جاۋاپ قايتۇرۇش زۆرۈر، ئەمما تەبرىكنى دەسلەپتە باشلاش بۇيرۇلغان سۈننەت ياكى چەكلەنگەن ئىشلاردىن ئەمەس.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.